# ئىزدىنىش

(تاللانما)

5

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 5-سان

(ئومۇمىي 71-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 6- ۋە 7-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتايلى** ............................ لى پېڭ(2)

**ئاچقۇچ پۇختا ئىشلەشتە** ............................ دېڭ گۇەنگېن(12)

**.خىزمەت تەتقىقاتى.**

مىللىي ماتارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرايلى ............................ گو فۇچاڭ، ۋېي پېڭفېي(33)

★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتايلى

لى پېڭ

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېزا خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، يېقىنقى يىللاردا يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆكتەبىر 10-ئايدا يېزا خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، بۇ يىلقى يېزا خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بازار تەمىناتى ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا بىرنەچچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنىدى، بۇلتۇر پاختا، شېكەر ماتېرىياللىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كېمەيگەندىن باشقا، ئاشلىق، ياغلىق زىرائەتلەر، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر خىزمىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولۇپمۇ يېمەكلىكلەر تەمىناتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئۇزاقتىن بۇيانقى يېتىشمەسلىك ھالىتىدىن نىسبەتەن مول بولۇش ھالىتىگە ئۆتتى. بولۇپمۇ 1990-يىلى دۆلەت ئاشلىق بويىچە مەخسۇس زاپاس تۈزۈمىنى ئورناتقاندىن بۇيان، دۆلەت خېلى مىقداردا زاپاس ئاشلىق ئىگىلەپ تۇردى. يېقىنقى يىللاردا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قوشۇمچە يېمەكلىكلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بازارنى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى مۇقىم بولماقتا، ئۇنىڭدىن چوڭ چاتاق چىقمايدۇ. بۇ ھەقتە، كەڭ شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ بىۋاستە تەسراتى بار، ئۇلار بۇنىڭغا بىر قەدەر رازى بولدى.

لېكىن، بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە، بۇلتۇر 11-ئايدىن بۇيانقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، قىسمەن رايونلاردا ئاشلىق، ياغ ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تەمىناتى جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. جەنۇبتىكى بەزى جايلاردا گۈرۈچ باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى چوڭراق بولدى، بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە كۆكتاتنىڭ باھاسىمۇ زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كېتىشكە يۈزلەندى. بۇ ئەھۋال قىسمەن رايونلاردىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپ جايلىرىغا يېيىلىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇ ھال شەھەر ئاھالىسىدا خېلى چوڭ ئىنكاس قوزغىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنمۇ بۇنىڭغا يۈكسەك

---

**ئىزاھ:** بۇ ماقالە يولداش لى پېڭنىڭ 1994-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى مەملىكەتلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. بىر مەزگىل خىزمەت ئىشلەپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، دۆلەت زاپاس قىلىپ ساقلىغان بىر قىسىم ئاشلىقنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق، ئاشلىق، ياغلارنىڭ بەك يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەن باھاسىنى چۈشتى، كۆكتاتنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىش يۈزلىنىشىنى تىزگىنلىۋې-لىندى. نېمە ئۈچۈن بۇنداق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز بەكلا زۆرۈر. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا كۆپ خىل سەۋەب بار، بازار سىستېمىسىنىڭ ساغلام بولماسلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا، مېنىڭچە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ باھا قويۇۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە بازارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە تونۇشىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، تەجرىبىسىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىزنىڭ قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ساۋىقىمىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك مال باھاسىنى پۈتۈنلەي مەيلىگە قويۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. مەملىكىتىمىزنىڭ تەجرىبىسىمۇ، چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىمۇ شۇنى ئىسپات-لىدىكى، مال باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كېتىشى ئىسلاھاتقىمۇ، تەرەققىياتقىمۇ پايدىسىز بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مەقسىتى ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

## 1. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆ-ڭۈل بۆلۈشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن تارىخىي جەرياندا، بىز ئىقتىسادىي خىزمەتتە قورساق تويغۇزۇش ۋە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئوبدان تۇتۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى، ئەينى ۋاقىتتا، خەلقنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئوبدان تۇتۇشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشتۇر. بىز مۇشۇ يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، بازار تەمىناتىنىڭ مول بولۇشى ۋە باھانىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، خەلق ھۆكۈمىتى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىزنىڭ بۇرچى. ئاشلىق، پاختا، ياغ ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى. ئىلگىرى، ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ، تۇز، جياڭيۇ، ئاچچىق سۇ ۋە چاي ھەر كۈنى كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر، دېيىلەتتى، ئەمدى بۇنىڭغا يەنە كۆكتاتنى قوشۇش كېرەك، قوشقاندىمۇ ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە شەھەر-يېزىلاردىكى كۆپ سانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، يېمەكلىكلەرگە كەتكەن چىقىمنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىغا كەتكەن چىقىم ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، ئاشلىق، ياغ، گۆش، كۆكتات، تۇخۇم ۋە سۈ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، شەھەر-يېزا خەلقلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن چىقىم قىلىدىغان خىراجىتى كۆپىيىپ كېتىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتتىكى چىقىملىرىنى مۇقەررەر ئازايتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز خەلق مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشنى بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشى كېرەك. خەلق بىزنى سايلىغانىكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقان "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نىڭ مۇھىم بىرسى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئالدى بىلەن تىرىشىپ پۈتكۈل خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. خەلق ئاممىسى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۇرمۇش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسى ئاندىن بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ گېپى ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مەسىلىسى ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغقا ئائىت ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش ھەقىقەتەن مۇھىم ئىش، ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىسلاھات، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئەمەل قىلماي بولمايدىغان بىر پرىنسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بولسا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ يىل مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا چوڭ قەدەم تاشلايدىغان بىر يىل. ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاش زۆرۈر. مال باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ ئەنسىزلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانسىزلىقىنى كەلتۈرىدۇ-دە، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسىي كۈچ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلغاندا، ھەرقانداق ئىسلاھاتنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ھەممە تاۋارلار ئىچىدە، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاشلىق، ياغ، گۆش، كۆكتات، تۇخۇم، سۈت ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئاساسىي يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىدا بولغان داۋالغۇشلارنى ئەڭ بىۋاستە ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم ناھايىتى

زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاشلىق، ياغ ۋە ئاساسىي قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، نۆۋەتتىكى تىنچ-ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ھەرقايسى تەبىقە ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئىسلاھات كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، كەڭ ئامما ھەقىقەتەن ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھاتتىن غايەت زور ئەمەلىي مەنپەئەت ئالدى. لېكىن ئىسلاھات جەريانىدا، ھەممە تەبىقە، ھەممە كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش مەنپەئەت ۋە نەپ ئالغىنى يوق، بۇمۇ پاكىت. شۇڭا، بىز خىزمەتتە، ۋاقىتىنچە تۇرمۇشى تېخى پاراۋان بولمىغان، ھەتتا خېلى قىيىن بولۇۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم ئاممىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش ئۈچۈن، ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش زۆرۈر، كەڭ دېھقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن نەپ ئالالايدۇ. لېكىن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆسسە، شەھەر-بازارلاردىكى بىر قىسىم كىرىمى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ، نامرات رايونلار ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تىرىشىپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مۇشۇ كىرىمى تۆۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## 2. مال مەنبەسىنى تولۇق قىلىپ، چوڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش بازارنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ بىلەن تولۇق تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ باھاسىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ تۈپ شەرتى. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بىرەر رايون ياكى بىرەر شەھەرنىڭ ھەممە جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلىشى ناھايىتى تەس. بازار تەمىناتىنىڭ تەكشى بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كۆكتات قىس مەزگىلدە تەمىناتنىڭ تولۇق بولماسلىقىنى تۈگىتىش ۋە كۆكتات تۈرلىرى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، زۆرۈر بولغان ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، رايونلار ئارا ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ئارقىلىق، مۇقىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشى كېرەك. ئادەتتىكى چاغلاردا ئەھمىيەت بەرمەي، بازار تەمىناتىدا مەسىلە

www.uyghurkitap.com

كۆرۈلگەندە تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ تاللىشىپ سېتىۋېلىپ، بازار باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق كېرەك. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇشتا، ھەرقايسى جايلار مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇشتا، زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، سۈلياۋ يوپۇق بىلەن چوڭ كەپە ياساش، شاخ-پاخاللارنى يەم-خەشەك قىلىپ قىخ-تېزەك ئورنىدا ئېتىزغا قايتۇرۇش، چاچرىتىپ سۇغىرىش-ياغدۇرۇپ سۇغىرىش، چوشقا بېقىش، توخۇ بېقىش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئارىلاشما يەم-خەشەك ئىشلەش، قوياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش، شۇنىڭدەك مەملىكە-تىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ياخشىلاش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، تاۋارلارنىڭ چوڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇپ، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭپۇڭ، مال ئوبوروتى راۋان، باشقۇرۇش جانلىق بولغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى مەسىلە مال مەنبەسىنىڭ يوقلۇقىدا ئەمەس، بەلكى مالنى سېتىلىدىغان جايلارغا ۋاقتىدا توشۇپ ئاپىرىپ بېرەلمەسلىكتە، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردا سېتىلالماي بېسىلىپ قېلىش بىلەن سېتىلىدىغان جايلاردا قىسچىلىق يۈز بېرىش ئەھۋاللىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالدى. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر توشۇش، ساقلاش، يېيىشكە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئوبوروتنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، جەنۇبنىڭ كۆكتاتلىرىنى شىمالغا يۆتكەش، شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئاشلىقنى غەربكە يۆتكەشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى كېرەك، مال ئوبوروتى ھەقىقىي راۋان بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلار بىلەن سېتىلىدىغان جايلار زىچ باغلانسۇن، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى، ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇشى، ئۇنىڭغا مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ماددىي ئەشيا قاتارلىق جەھەتلەردىن داۋاملىق ياردەم بېرىشى كېرەك. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبوروتتىكى تۈرلۈك توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى، پويىز، ئاپتوۋۇزلاردا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ۋە يولنى توسۇپ قاقتى-سوقتى قىلىدىغان بۇزۇقلارغا قاتتىق زەربە بېرىشى كېرەك. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى زۆرۈر تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن باشقا تۈرلۈك "چازا"لارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك. تۆمۈريول، قاتناش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش ئىشىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر شەرت-شارائىت يارىتىپ چەت جايلارنىڭ كۆكتاتلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ سېتىلىشىنى جەلپ قىلىشى، بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، سودىدا ئادىل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

## 3. يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئۇبدان قۇرۇپ چىقىش، بازارنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇش كېرەك

قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە ئاشلىق، ياغلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بازار قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، توپ سېتىش بازارلىرى مەركەز قىلىنغان، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن پارچە سېتىش سودىسى بىرلەشتۈرۈلگەن بازارلار تورىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ، بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىكى مۇھىم بىر تەجرىبىسى. ھازىر مەملىكەت بويىچە خېلى كۆپ توپ سېتىش بازىرى بارلىققا كېلىپ ئىجابىي رول ئوينىدى. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ تەلىپىگە ھېلىمۇ ماس كەلمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭدا قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نى-نى ئىشلار بار. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھازىر بار توپ سېتىش بازارلىرىنى پىلانلىق ھالدا ئۆزگەرتىشى، كېڭەيتىپ قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە بەزى رايون خاراكتېرلىك توپ سېتىش بازارلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشى لازىم. دۆلەت پىلان بويىچە بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللاردا نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ۋە نۇقتىلىق شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە بىرقانچە مەركىزىي توپ سېتىش بازارلىرىنى قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەركىزىي توپ سېتىش بازارلىرى بىلەن رايون خاراكتېرلىك، يەرلىك خاراكتېرلىك توپ سېتىش بازارلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن توپ سېتىش بازارلىرى تورىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارنىڭ شەكىللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەملىكەت مىقياسىدا تاۋارلارنىڭ چوڭ ئوبوروتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

تىجارەت قويۇۋېتىلگەن شارائىتتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بازارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. تىجارەتنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش دېگەنلىك ئۇنى باشقۇرماي مەيلىگە قويۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكتىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بولۇپمۇ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ھەم خېيىم-خەتەر كۆپ ئۇچرايدىغان كەسىپلەرگە تەۋە مەھسۇلاتلار، ھەم خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم تاۋارلار، شۇنداقلا بازاردىكى سەزگۈر تاۋارلاردۇر، يالغۇز بازارنىڭ ستىخىيىلىك تەڭشىشىگە تايىنىپلا ئۇلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ناھايىتى تەس بولىدۇ. تىجارەت قويۇۋېتىلگەن، جانلاندۇرۇلغانسېرى، بازارنى باشقۇرۇشنى شۇنچە كۈچەيتىش لازىم.

بازاردىكى سودىلىشىش تۈزۈمى ئىزىغا چۈشۈرۈلمىگەچكە، بازار تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ، ھەر خىل ناتوغرا سودا-سېتىق ھەرىكەتلىرى ساقلانماقتا، بۇ نۆۋەتتە نۇرغۇن رايونلار ۋە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بازارلىرى قۇرۇلۇشىدا دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىدۇر. ساغلام بولمىغان بۇ ئامىللار بازار سودىسىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە، شۇڭا ئۇنۇملۈك

تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. بازارغا زومىگەرلىك قىلغان، مال باھاسىنى ھە-ھۇ بىلەن ئۆرلىتىۋەتكەن، ناچار، ياڭغان ماللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتقان، ئالدامچىلىق قىلىپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. تىجارەت ھالقىلىرىنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ئىستېمالچىلارنى ھەقىقىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. سودا-سانائەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مال باھاسى، قاتناش تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ، بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، بازارنىڭ سودا تەرتىپىنى جەزمەن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىشى ۋە ئۇنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

## 4. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسىنى ئىگىلەش كېرەك

بازار ئىگىلىكىنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. پىشىپ يېتىلگەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان، ئايلىنىشى ئۈنۈملۈك بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. باھانىڭ قويۇۋېتىلىشى تامامەن توغرا، ئەمما ھەرقانداق ۋاقىتتا ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشتە ئاساسەن ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە قانۇن ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا مەمۇرىي ۋاستىمۇ قوللىنىلىدۇ. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى تەڭشەپ تىزگىنلىشىدە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ئىشنى ياخشى تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، ئاشلىق، پاختا، ماي، گۆش، شېكەر قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا زاپاس تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھاۋا كېلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مەھسۇلات بەزىدە ئازىيىپ كېتىدۇ، بەزىدە كۆپىيىپ قالىدۇ، شۇڭا مۇۋاپىق زاپاس تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ھوسۇل ئالغاندا ساقلاپ قويۇش، ئازلاپ كەتكەندە بازارغا سېلىش بازارنىڭ تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقىدا ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ قېتىم ئاشلىق باھاسىدا بولغان داۋالغۇش دىققىتىمىزنى تارتتى، "ئاشلىق بولسىلا، كۆڭۈل توق تۇرىدۇ "كەن، بۇ ئاشلىق زاپىسى تۈزۈمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاشلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكىدۇر، ئاشلىق باھاسىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئاشلىق باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېتەرلىك ئاشلىق زاپىسىغا ئىگە بولساقلا، مال باھاسىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز. بۇ قېتىم دۆلەت ئاشلىق زاپىسى ئىدارىسى ئانچە جىق بولمىغان ئاشلىقنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئاشلىقنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى. چوقۇم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەركەزدە ۋە رايونلاردا ئاشلىق، پاختا، ماي، گۆش، شېكەر زاپىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. زاپاس باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەت خاراكتېرىدىكى زاپاس بىلەن تىجارەت

خاراكتېرىدىكى ئۇبورۇت قالدۇقىنى ئايرىۋېتىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك خېيىم-خەتەر فوندىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلە بۇلتۇر مەركىزىي يېزا خىزمەت يىغىنىدا ۋە مەملىكەتلىك «قوشۇمچە يېمەكلىكلەر» قۇرۇلۇشى يىغىنىدا بەلگىلەنگەن بولۇپ، مەركەز ۋە جايلاردىن قىسقارتىلىپ قالغان ئاشلىق، گۆش، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك خېيىم-خەتەر فوندىنى بەرپا قىلىشقا ئىشلىتىش كېرەك، يەنە باشقا تەرەپلەردىن ئاز-تولا مەبلەغ توپلاپ، مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلىش كېرەك دەپ بىكىتىلدى. خېيىم-خەتەر فوندىدا بىر خىل مېخانىزم شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى دومىلىتىپ ئىشلىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆپەيتىپ تۇرۇش كېرەك. خېيىم-خەتەر فوندى ئاساسەن بازارنىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەشكە ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى نازارەت قىلىش، تېزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈر تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۈچۈر خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا پايدىلىق. توغرا ئۈچۈر ھۆكۈمەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئىلمىي تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۆتكەن يىل 11-ئايدىن بۇيان، بەزى جايلاردا ئاشلىق-ماينىڭ سېتىلىش باھاسى خېلى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كېتىدىغان ۋە ئىستېمالچىلار بەس-بەستە سېتىۋالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. بۇنىڭدىكى ساۋاقنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئالاقىدار تارماقلار مەسىلىنى ۋاقتىدا بايقىيالمىدى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولدى. سودا، ئاشلىق تارماقلىرى بازارنى نازارەت قىلىش-تىزگىنلەش، مال باھاسىنى تىزگىنلەشنى دائىملىق كەسىپ قاتارىدا تۇتۇشى كېرەك، ھالقىلىق پەيتتە دۆلەت سودىسىنىڭ ئاساسىي ئۇبورۇت ۋاستىسىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، يېڭى باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، مالىيە-باج تارماقلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق، ماي، قوشۇمچە يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنى يۆلەش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت تاپشۇرغان مال باھاسىنى تىزگىنلەش، بازارنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىنى ئاكتىپ قوللىشى كېرەك.

## 5. شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مەھسۇلات خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئاشلىق، ماي يېمەكلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاشلىق، ماينى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولىدۇ ھەم يىراق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىشكە بولىدۇ، ھەتتا ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر كۆپىنچە يېڭى ۋە يۇمران، ئوڭاي چىرىيدىغان، ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مەھسۇلات، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسى كۈندە ئىستېمال قىلىپ تۇرىدىغان

بېمەكلىكلەردۇر، بۇ تاۋارلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇشۇ تۆردىكى مەسىلىلەرنى ئاساسەن يەرلىك ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. مەن ”قوشۇمچە يېمەكلىكلەر“قۇرۇلۇشىدا ھەرقايسى جايلاردا بولۇپمۇ چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەردە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ چىڭ تۇتۇشىنى، شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدىم. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش شەھەر باشلىقىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چوڭ ئىش. قايسى بىر شەھەر ئاھالىلەرنى باھاسى بىر قەدەر مۇقىم، تۈرلىرى مول ھەم تولۇق ”قوشۇمچە يېمەكلىك“ تاۋارلىرى بىلەن تەمىنلىيەلمەيدىكەن، ئۇلكە باشلىقىنى ئەمەس، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىمۇ ئەمەس، پەقەت شۇ شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقىنى ئىزدەيدىغان گەپ. چۈنكى، شەھەر باشلىقى بىر شەھەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىيەت باشلىقى بولۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىقلارنى بىر تۇتاش پىلانلاش، تەڭشەش ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى كاپالەتلەندۈ-رۈش ۋاستىسىنى ۋە ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئىش ئورنى نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈپ، ھەر يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

شەھەر باشلىقى ”قوشۇمچە يېمەكلىكلەر“ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئەڭ مۇھىمى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بويىچە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇنۇپرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئادەتتىكى ۋاقىتتا، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپلا قالماي، قىس مەزگىللەردە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭپۇڭلاش-تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دېھقانلارنىڭ كۆكتات تېرىش ئاكتىپلىقى ئۈستۈن، چۈنكى، كۆكتات تېرىغاندا يۇقىرىراق ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ، مەسىلە بازار ئارقىلىق كۆكتاتچىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سودا يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشتا. بىزنىڭ ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەكىتلىگەنلىكىمىز ھەرگىز ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامدىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى قامداش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، يەتمىگەن قىسمىنى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق باشقا يەرلەردىن مال مەنبەسىنى كىرگۈزسە بولىدۇ. ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى مەسئۇلىيەتنى ھەققىي ئۈستىگە ئېلىشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشى، مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىشى، ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشى كېرەك. ھەرگىز مەسىلە كۆرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن تۇتىمەن دەپ كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا زىيان بەك چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. زۆرۈر سەيلىك كۆلىمىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، سەيلىكنى كەلسە-كەلمەس ئىگىلەپ كېتىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ھازىر بەزى شەھەرلەردە سەيلىك كۆپ ئىگەللىنىپ كېتىپ تولدۇرۇلمىغان، بۇ ھال شۇ جاينىڭ كۆكتاتنى يېتىشتۈرەلمەس-

لمكىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. يۇنداق مەسىلىنى ئىمكان بار تېز ھەل قىلىش كېرەك.
شەھەر پىلانىنى تۈزگەن ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى قۇرغان ۋاقىتتا، ئىمكان بار كونا كۆكتات
ئېتىزلىرىغا تەگمەسلىك، ھەقىقەتەنمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ ئالدىن بوز يەر
ئېچىپ بېرىپ، ئاندىن ئىگىلەش كېرەك. ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ئۆز جايىنىڭ قوشۇمچە
يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، ئېھتىياجغا ئاساسەن چەت رايونلار
بىلەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش بويىچە مۇقىم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش
كېرەك. كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنى ئاساس قىلىش، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق
رايونلىرىنى قوشۇمچە قىلىش، چەت رايونلارنىڭ تۈرلىرىنى تەڭشەش ۋاستىسى قىلىش ۋەزىيىتىنى پەيدىنپەي
شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلۇشى فوندى، باھا
خېيىم-خەتەر فوندى ۋە توڭلىتىش ئامبىرى قاتارلىق ئاساسىي ئۇبوروت مۇئەسسەسەسى قۇرۇلۇشى فوندىنى
قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك فوند ئەمەلىيلەشتۈرۈلدىغانلا بولسا،
بازارلارنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇق تەمىنلەشنى ۋە باھانى نىسپىي مۇقىملاشتۇرۇشنى كاپالەتكە
ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك فوندنى توپلاشتا، ئاساسەن، يەرلىككە تايىنىش كېرەك. ئاساسىي
قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، تەرەققىيات رايونلىرىنى ئازراق ئېچىپ، ئۆي-زېمىن تەرەققىيات
تۈرلىرىگە ئازراق تۇتۇش قىلغاندا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك فوندنى توپلاش قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر
"قوشۇمچە يېمەكلىكلەر" قۇرۇلۇشى ۋە ئاشلىق، پاختا، ماي قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى
كېرەك. ئىشىنىمەنكى، پۈتۈن پارتىيە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەھمىيەت بەرسە، شەھەر باشلىقى
بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىسىلا، بۇ خىزمەتلەرنى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ كەتكىلى بولىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان
رىسالەت ئابلا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# ئاچقۇچ پۇختا ئىشلەشتە*

دىڭ گۇەنگېن

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-سى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى.

## 1. ھالقىلىق پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىن "ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان يەنە بىر قېتىملىق ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يىغىن". "ھالقىلىق پەيتتە"، "ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە" دېگەن بۇ سۆزلەر بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈردى.

"ھالقىلىق پەيتتە" دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەن مۇنۇلارنى ھېس قىلدىم: پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئېتىبارەن، 15 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېپىپ چىقتۇق. مەملىكىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىش-لەر بولدى، ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەنگەن نىشان بويىچە قەتئىي تەۋرەنمەي يول ئېچىپ ئالغا سىلجىتىۋاتىمىز.

---

* بۇ ماقالە دىڭ گۇەنگېننىڭ 1994-يىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

بۇ تارىخىي مۇساپىدە پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ”سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش“تىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا خىزمەت قىلىش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى، بۇ، يېتەكچى ئىدىيە ۋە خىزمەت يۆنىلىشى جەھەتتىكى تۈپ بۇرۇلۇش. ھازىر تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىشتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساشقا دۇچ كەلمەكتە. 14-قۇرۇلتايدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش دەپ بەلگىلەندى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي قىياپىتى سۈرەتلەپ بېرىلدى. مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا 1994-يىللىق ئىقتىسادىي. خىزمەتلەرنىڭ تۈپ فاڭجېنى بەلگىلەندى، پۇل مۇئامىلە، مالىيە-باج ئىسلاھاتى قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئىسلاھاتلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يىل ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يەڭگۈشلەشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ھالقىلىق بىر يىل. مەركەز بۇ يىللىق خىزمەت فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مۇقىملىقنى ساقلاش“نى تەكىتلىدى، بۇ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى ئومۇمىيلىق. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى قانداق ئىشلەش، مۇشۇنداق بىر يېڭى ۋەزىيەتكە ئىدىيىۋى قاراش، خىزمەت ۋەزىپىسى، خىزمەت ئۇسۇلىدىن تارتىپ خىزمەت ئىستىلىغىچە بولغان جەھەتلەردىن قانداق ماسلىشىش—— بىز دۇچ كېلىۋاتقان زور مەسىلە، شۇنداقلا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى مەسىلە.

”ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە“ دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەن مۇنۇلارنى ھېس قىلدىم: ”ھالقىلىق پەيت“ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىمىزگە مۇھىم ۋەزىپە يۈكلىدى. بىزنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقىمىز؛ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقىمىز؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقىمىز—— مەركەزنىڭ پۈتۈن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىققا، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىش-قازىنالماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن

يالغۇز تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان يىغىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى قول بىلەن تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتكۈل تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن ئېخىمۇ ياخشى، كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بېرىدىغان يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ "ئومۇمىي ئەھمىيىتى"نى مۇشۇنداق ۋەزىيەت، مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش، مۇشۇنداق تەلەپ بويىچە چۈشىنىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مەركەز تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ۋە تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى قوشۇنىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە پائال رىغبەتلەندۈردى، ھەممەيلەن. كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى ھەمدە سەممىي ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن كەيپىياتى قىزغىن بولۇپ، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈردى، ھەممەيلەن چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى، چوڭقۇر ئىلھام ئالدى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، چۈشىنىشنى ئاشۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىدىغان، كۆپىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ پىلان ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، روھنى ئۇرغىتىپ ، دېموكراتىك ئاساستىكى ئىناقلىقنى كۈچەيتىدىغان، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى غەيرەتنى ئاشۇرىدىغان يىغىن بولدى. ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىن تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، مەركەز تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئېخىمۇ ياخشى ئورۇندىشىمىزدا جەزمەن ئىجابىي ۋە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

## 2. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، يولداش جياڭ زېمىن، لى پېڭ ۋە جۇ رۇڭجىلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئاساسلىق روھىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. نۆۋەتتە ئېلىمىز ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ ياخشى پەيتتە تۇرماقتا.** خەلقئارا جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان، جاھان ئانچە تىنچ بولمىسىمۇ، لېكىن دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەكتە، خەلقئارا ۋەزىيەت پەسەيمەكتە. مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، ئىگىلىك ئىزچىل راۋاجلانماقتا، مىللەتلەر ئۆم-ئىناق ئۆتمەكتە، ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا. بىز چوقۇم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك، ۋەزىيەت ياخشى بولغانسېرى مېڭىمىزنى شۇنچە سەگەك تۇتۇپ، خاتىرجەملىك ئىچىدە خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ، خىزمەتلەرنى باش چۆكۈرۈپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

**2. ئاساسىي فاڭجېن ۋە خىزمەتنىڭ ئومۇمىي تەلىپى.** 1994-يىللىق پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ، سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاشتىن ئىبارەت. خىزمەتلىرىمىزدە بۇ ئاساسىي فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، مۇشۇ ئومۇمىي تەلەپكە بويسۇنۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

**3. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۇتۇپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.** جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىزدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالىمىز ۋە ئىشەنچلىك كاپالىتىمىز. پۈتۈن پارتىيىنى بۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگە ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

**4. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى داۋاملىق ساقلاش.** بۇ يىلقى ئىقتىسادىي خىزمەت فاڭجېنى پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمیۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەپ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە ئىگەللەپ، پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، پائال ھەم پۇختا ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئاساسىي ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە بەسلەشمەسلىك كېرەك. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش—بىلىمىز ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم فاڭجېنى. ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتە ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇش، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش قاتارلىق كۆپ جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بۇ يىل يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمیۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈملۈك ماسلىشىشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنىڭ ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئىگىلىكنىڭ بىراقلا ئۆرلەپ، بىراقلا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. پۇل ۋە ئىناۋەتلىك قەرزدىن ئىبارەت ئىككى ئۆتكەلنى ياخشى ئىگەللەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مەبلەغ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى ھەقىقىي تۈردە تىزگىنلەش كېرەك.

**5. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش.** بىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش ۋە نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش ئۆزئارا

بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توپ چىقىش يولى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا. بۇ يىلقى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇش ئىشىنى ياخشى تەشكىللەش كېرەك، بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى داۋاملىق يەڭگۈشلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش كېرەك. دۆلەت ئاۋۋال چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى 100 كارخانىدا سىناق ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ھەرگىز ھە-ھۇ بىلەنلا ئىش كۆرۈپ، دۆلەت مەبلىغىنى چېچىۋېتىشكە ياكى بىر قىسىم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى شەكلىنى ئۆزگەرتىپلا مەبلەغ توپلاپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بارلىق كارخانىلار مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، باشقۇرۇشنى تۈتۈپ، ئىچكى ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، باھا ئىسلاھاتىنى مۇۋاپىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مال باھاسى مەسىلىسىنىڭ نازۇكلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئىسلاھاتتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، دۆلەت، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، بازارنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. بۇ يىل ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان ئىسلاھات لايىھىسى بىر قەدەر يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھە، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، جەزمەن ئەتراپلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈجۈپىلەپ يولغا قويۇپ، كونا-يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىدىكى تۇتاشتۇرۇلۇش ئىشىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، دەسلەپتىلا نىشاننى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ئازراق خەۋپ-خەتەر بولسىمۇ، ھەممىدە بولۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مەركەزنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلا بولساق، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**6. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگەللەش.** بۇ، بۇ يىلقى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا ئىنتايىن مۇھىم. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مەركىزى. ئىسلاھات ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن مۇقىملىقنى تۈپ-تېگىدىن ساقلىغىلى بولىدۇ. مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا، ھەممە

ئىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىز خەلق ئىگىلىكى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تۈزۈلمىنى يەڭگۈشلەش قەدىمىنى تېزلىتىش داۋامىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز ھەم ياخشى ئېشىشىنى ساقلىشىمىز كېرەك. مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىتنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ مايىللىققا ئىگە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاشقا ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. ئامىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەممە ئىشتا ئامىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامىنىڭ تۇرمۇشىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ھەدەپ قوغلىشىپ، قارىغۇلارچە يايما ئېچىپ، ئامىنىڭ تۇرمۇشىغا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئامىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ياخشى يېتەكلىشىمىز، ياخشى ئاسرىشىمىز ۋە ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**7. ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىش.** ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇنۇش ۋە پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەش كېرەك. مەركەز جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى، جايلاردىن ئەستايىدىل پىكىر ئېلىشى، ئىشنى ئىمكانقەدەر مۇۋاپىق، ئەتراپلىق قىلىشى كېرەك؛ جايلارمۇ ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى تىكلىشى، قىسمەن مەنپەئەت بىلەر ئومۇمىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، ئومۇمىيلىققا ئاڭلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بويسۇنۇشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك. بۇ، رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلىدىغان ئاساسىي پارتىيىۋىلىك تەلىپى ۋە تۈپ سىياسىي ئىنتىزام.

**8. ئىككى قول بىلەن تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش.** بۇ مەسىلىنى تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇش كېرەك. بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى؛ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا دېموكراتىيە-قانۇنچىلىقنى؛ بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر قولدا

جىنايى ئىشلارغا زەربە بېرىشنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ساغلام، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، پائال ئالغا ئىنتىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سۈرۈپ، قانۇن تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قانۇن تۈزۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۇيغۇنلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قانۇن ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالغا سۈرۈش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. سىياسىي قانۇن خىزمىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، قاتتىق زەربە بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق ۋە تېز جازالاش، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك رەزىل ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

**9. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش.** تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي تۈردە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ توپ قىبلىنامىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ۋە ئۇنى ئالغا سۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشى، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلىشى، ئالىيجاناپ روھ بىلەن تەربىيىلىشى، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشى، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى ئەۋلاد-مۇ ئەۋلاد تەربىيىلىشى ۋە يېتىشتۈرۈشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلاردا كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەتلىك رولى ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىن قوللاش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. نۆۋەتتە ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ۋە ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھازىر تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرى تۈزۈلۈپ بولدى، ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، پۇختا ئىشلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېچىپ ئىلگىرىلەشتە.

**10. پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.** پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇشنى تەكىتلەش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيە-ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا ئىسلاھات ئىشلىرىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، ئۇنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە يېڭى مەزمۇنلارنى ۋاقتىدا قوشۇش، شۇ ئاساستا يېڭى باسقۇچلۇق نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى كۈچەيتىپ، چىرىگەن ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى قاتتىق توسۇش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىكى چەكلەش مېخانىزمى ۋە پارتىيە ئىچى ھەم سىرتىدىكى نازارەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك.

**11. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا پايدىلىق تاشقى مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش.** مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيىگە قاراپ چەك-چېگرا ئايرىماسلىق كېرەك. تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناقلىق-قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى جۇڭگونى تېخىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويىدىغانلا بولساق، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەردە غالىپ ئورۇنغا ئىگە بولىمىز.

**12. خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.** پۈتۈن پارتىيىدە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۆزى چۈشەنمەي تۇرۇپ، باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش كويىدا بولماسلىق كېرەك. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر

تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. ستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈش كېرەك، تاكتىكىلىق مەسىلىلەرنى ستراتېگىيىلىك سۆز ۋە شوئارلار بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قائىدىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاما ئارىسىغا بېرىپ، مەركەز بەلگىلىگەن فاڭجېن-نۇرۇنلاشتۇرمىلارغا ئاساسەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىجادىي ئىشلەش كېرەك. كۆپرەك ئۆگىنىش، مېھماندارچىلىق-زىياپەتلەرگە ئازراق بېرىش؛ كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن ئازراق شۇغۇللىنىش؛ ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، قۇرۇق گەپلەرنى ئازراق سېتىش كېرەك. ئەھۋالنى چوڭقۇر ئىگىلەش، مەسىلىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش، زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خىزمەتلەرنى پائال، مۇقىم ۋە پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 3. چوڭ-چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلار بەلگىلىنىپ بولدى، ئەمدى پۇختا ئىشلەيلى

ھازىر تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى، ئاساسىي پرىنسىپلىرى، خىزمەتكە ئائىت ئوي-پىكىرلەر، ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ بولدى، ئاچقۇچ ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە.

بۇ يىلقى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، پۇختا ئىشلەپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەپ، ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەپ، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق

ئىگىلىكنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، جەمئىيەت-نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىندا يولداش جياڭ زېمىن تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ قىبلىنامىنى چىڭ ئىگىلەپ، مۇنداق تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىشى كېرەك: بىرىنچىدىن، پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىشانى ۋە ئېچىلىش-سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت-نى گۈللەندۈرۈش كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "بىر تۈپ قىبلىنامە، تۆت جەھەتتىكى خىزمەت"— سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما ۋە ستراتېگىيىلىك ئىدىيە، ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلىرى مۇجەسسەملەنگەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان ئوبيېكتىپ تەلىپى ئېچىپ بېرىلگەن، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر چىڭ تۇتۇلغان. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈپ قىبلىنامە جان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن خىزمەتنىڭ نىشانىنى بەلگىلەيدۇ؛ تۆت جەھەتتىكى خىزمەت تۈپ قىبلىنامىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى نۇقتىلىق تۆت چوڭ قۇرۇلۇش. تۈپ قىبلىنامە بولغاندىلا، ئاندىن تۆت چوڭ قۇرۇلۇشنى ئومۇمىي پروگراممىغا ئىگە قىلىپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىدىغان، ئۆزئارا ماسلىشىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئومۇمىي كۈچىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. تۆت چوڭ

قۇرۇلۇش بولغاندىلا، توپ قىبلىنامىنى ئاندىن تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قەلبى ۋە خەلق قەلبىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، پارتىيە ۋە خەلق روھىنى ئۇرغۇتىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بىر توپ قىبلىنامىدا چىڭ تۇرۇپ، تۆت چوڭ قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتقاندىلا، ئاندىن تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى تارماقلىرى زىممىسىگە ئالغان زور مەجبۇرىيەتنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداپ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا تەشۋىق قىلالايدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ئەمەلىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ.

تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاش-تۇرۇلۇشى كېرەك. ئىسلاھات پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە ۋە ياخشىلاشقا، تەشۋىقات-مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ، نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە جىددىي موھتاجمىز: بىرىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەتتە مۇھىم نۇقتا قۇرۇلۇش دېگەن فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك، ئىلگىرىكىدەك “ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش”، “چوڭ تەنقىد” تەك ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دېموكراتىيە پرىنسىپى ۋە يېتەكلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مۇھىم نۇقتىنى ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا قارىتىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تولۇق تايىنىش، زامانىۋى جامائەت پىكرى ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۆنىلىش، ئومۇمىي مىقدار، قۇرۇلما ۋە ئۈنۈمنى چىڭ تۇتۇپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەشىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئۇنى ساغلام گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ يەتتىنچىدىن، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك؛ سەككىزىنچىدىن، باشقۇرۇش ئېگىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بۇ خىزمەتنى تايىنىدىغان قانۇنغا، ئەمەل قىلىدىغان قائىدىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىزمىتىمىزدە دائىم دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتىمەن:

**بىرىنچى، ئىشلىرىمىزغا يار-يۆلەك بولۇش، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماسلىق كېرەك.** تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، ئىشلىرىمىزنى ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، ياخشى ئىشلەنمىسە پاسسىپ تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتكە ناھايىتى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مەركەز قارار قىلغان ئىشلارنى چوقۇم مەركەزنىڭ روھى بويىچە تەشۋىق قىلىش كېرەك، ھەركىم ئۆزى خالىغانىنى قىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلەشكە بولمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىي سىياسەت، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، خىزمىتىمىزدە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. بىز تەشۋىقات خەۋەرلىرى ۋە نەشرىيات بۆيۇملىرىنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ بولۇشىغا قىزىقىپ كېتىپ، ئاتالمىش "دەبدەبىلىك ئىنكاس" قوزغاشنى قوغلىشىپ، پەس-چاكىنا نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقماسلىقىمىز كېرەك. جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى توغرا قانات يايدۇرۇش كېرەك. جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى مۇھىم نۇقتىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتنى ياخشىلاپ، مەسىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىشكە قارىتىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىش، "شاۋقۇن-سۈرەن" سالماسلىق كېرەك.** يولداش جياڭ زېمىن ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى، بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە ئۇنى تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ مۇھىم خىزمىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، كوللېكتىپچىلىقنى ۋە سوتسىيالىستىك روھنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلا-

شتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە پايدىلىق بولغان، سەممىي ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇش قۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش——تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت زور ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان شۇنچە چوڭ دۆلىتىمىزدە ئازراقمۇ "چوقان-سۈرەن"نىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ، لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئىنژېنېرلىرى بولغان تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى خادىملىرى "چوقان-سۈرەن" پەيدا قىلماسلىقى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: "خەلققە مەسئۇل بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۆزگەرمەي باشتىن-ئاياغ كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىلىك جەھەتتە بارغانسېرى ئۈستۈرۈشكە ئىنتىلىشى، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل، جىددىي ئويلىنىشى، ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقنى خەلققە تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك." بىز ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. زىيانسىز نەرسىلەرگە يول قويۇلىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەڭ تۆۋەن تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. "ياخشىسىنى مىزان قىلساڭ، ئاران ئوتتۇرا ھالغا ئېرىشەلەيسەن، ئوتتۇرا ھالنى مىزان قىلساڭ، ناچارىغا ئېرىشىسەن" دېگەن گەپ بار. زىيانسىز نەرسىلەر بىلەن بازارنى تولدۇرۇۋېتىش ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت بازارلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرگەنلىك بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى تىرىشىپ قاندۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈستۈرۈشكىمۇ يېتەكلىشىمىز كېرەك. تەشۋىقات-مەدەنىيەت خادىملىرىمىزنىڭ ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسىنى ئۈستۈرۈش، ئەخلاق-پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈش، گۈزەل روھىي دۇنياسىنى يارىتىش مەسئۇلىيىتى بار.

**ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، پايدىنى كۆرۈپ ئىنساپنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كۆپلىگەن مەنىۋى مەھسۇلاتلار بازارغا سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. بۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان تۈپ مەسىلە. بارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەر ۋە تارماقلار يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، ياخشى كەسپىي ئەخلاق-پەزىلەت تىكلىشى، پايدىنى كۆرۈپ ئىنساپنى ئۇنتۇپ قېلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئويلانمايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. بىز مەدەنىيەتكە ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ياخشى مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىشىمىز ۋە يار-يۆلەك بولۇشىمىز كېرەك.

**تۆتىنچى، تەشۋىقات ئىنتىزامىغا ئەمەل قىلىش، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرمەسلىك كېرەك.** ئىچكى جەھەتتىلا ئىگىلەشكە تېگىشلىك پرىنسىپ ۋە ئەھۋاللارنى سىرتقا تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ئىچكى گېزىت-ژۇرناللاردىلا بېسىشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى ئاشكارا بېسىشقا بولمايدۇ؛ ئىچكى جەھەتتە تەتقىق قىلىنىۋاتقان سىياسەت ۋە مەسىلىلەرنىمۇ رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ تالىشىپ باسماسلىق كېرەك. بىز تەشۋىقات ۋە نەشرىيات ئىنتىزامىنى جەزمەن چىڭىتىپ، مەخپىيەتلىك كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك.

**بەشىنچى، زىچ ئۇيۇشۇش، چېچىلىپ كەتمەسلىك كېرەك.** مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئورتاق بۇرچى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ”ھەرقانداق بىر ۋەزىپىنى بىرلا گېزىت ئورۇنداپ كېتەلمەيدۇ. ھەرقايسى گېزىتلەرنىڭ ئۈچرىشىش دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس، ھەرقايسى تەرەپلەر تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى ھەرقايسى قاتلاملاردىكى ئاممىغا ئومۇمىيۈزلۈك يەتكۈزگىلى بولىدۇ.“ بۇ سۆز پۈتكۈل تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىمىزگە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ”يۆنىلىش ئارمىيە“ بار. نەزەرىيە، ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت تارماقلىرى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئۇلار زىچ ماسلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئومۇمىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى كېرەك. بىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئوخشىمىغان تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئورتاق تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى

چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، يارقىن مەنزىرە ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

**ئالتىنچى، ئەمەلىيەتچىللىقنى چىڭ تۇتۇپ، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىق كېرەك.** ئىلگىرى ھەمىشە بەلگىلەنگەن ئىشلارنى تېخى تۈزۈك ئەمەلىيلەشتۈرمەي تۇرۇپلا، يېڭى نام، يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردۇق. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. خىزمەتتە چوقۇم ئىزچىللىق بولۇش، خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەشنى تۇتۇش كېرەك. بىكىتىلگەن ۋەزىپىنى ئېغىزدا دەپ قويۇش، ھۆججەتكە يېزىپ قويۇش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان ۋە ئومۇمىي پىلان بولۇش، ھەم ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان باسقۇچلۇق نىشان ۋە يېقىن مەزگىللىك خىزمەت لايىھىسى بولۇش كېرەك. شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. چوقان-سۈرەن بىلەن باشلانغان، قارىماققا ناھايىتى دەبدەبىلىكتەك كۆرۈنگەن، لېكىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.

## 4 .تىرىشىپ لاياقەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرى بولۇش كېرەك

تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىدىكى ئاچقۇچ بىر ياخشى كادىرلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىدا. 1941-يىلىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈپ چىقىلغان «پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-تەرغىبات خىزمىتى پروگراممىسى»دا تەشۋىقات خادىملىرىغا مۇنداق بىرقانچە ئاساسىي تەلەپ قويۇلغان: پرولېتارىيات ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىدىن خەۋەردار بولۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش؛ سىياسىي نەزەرگە ئىگە بولۇش؛ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش روھى بولۇش؛ ماركسىزم-لېنىنىزمنى دوگما ھالدا چۈشەندۈرىدىغان بولماستىن، بەلكى ئىجادىي يوسۇندا چۈشەندۈرىدىغان بولۇش؛ تەرغىبات ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ئاممىنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىش؛ ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان بولۇش. يۇقىرىقى تەلەپلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى دەۋردە يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "ئىدىيە سېپىدىكى جەڭچىلەر ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئىنژېنېرلىرى بولۇشى كېرەك"دەپ تەكىتلىدى، بۇ مەشھۇر سۆز، بارلىق تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرىمىزغا باب كېلىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى قوشۇنىغا: سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، كەسپتە پىششىق بولۇش، ئىستىلى توغرا بولۇش دېگەن تەلەپنى قويدى. پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە ئاساسەن، ئۆزەمنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ، قانداق قىلغاندا لاياقەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرى بولغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمەن:

**1. كۆچلۈك كەسىپچانلىقتا ۋە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولۇش.** بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈشىمىز، خىزمەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن قىزغىن، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز كېرەك. ھەربىر كادىرنىڭ خىزمەت ئورنى، مەسئۇلىيىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، كەسپىگە سادىق بولۇپ، تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتا خالىسانە، جانپىدالىق روھىغا موھتاج بولغاندۇق؛ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇشتىمۇ ئوخشاشلا خالىسانە، جانپىدالىق روھىغا موھتاجمىز. پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئۆز ئىقتىدارىمىزنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

**2. تۆپ قىبلىنامىنى ئەستە چىڭ تۇتۇش.** تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى كادىرلار چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى كاللىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشى ۋە ھەقىقىي تۈردە ھەرىكەت قىبلىنامىسىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئىدىيىسىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈ-شى كېرەك.

**3. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، ئىدىيە، سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش.** بۇ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ سىياسىي پرىنسىپ ۋە سىياسىي ئىنتىزام. بىز جەزمەن مەركەزنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يىقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا بويسۇنۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يىل ئىسلاھاتتىكى ھالقىلىق بىر يىل، ئىسلاھاتنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

**4. ئاممىۋى كۆز قاراشنى تىكلەپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.**

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرى خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاما بىلەن قەلبداش ۋە ھەمنەپەس بولۇپ، ئاممىنى غەم-غۇسسىدىن خالاس قىلىپ، خەلق ئۈچۈن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى خەلققە تېخىمۇ كۆپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. گېزىت بېتى، كىنو-تېلېۋىزور ئېكرانى، رادىئو ستانسىسىنىڭ مىكرافونى خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپرەك يۈزلىنىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان جانلىق ئەمەلىيىتى ۋە قەھرىمانانە ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. بىز خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىشىمىز، ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلق ئاممىسىدىن ئەقىل-پاراسەت ۋە ئوزۇق ئېلىشىمىز كېرەك.

**5. سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر، مېڭە سەگەك، بايراق روشەن بولۇش.** سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ سىياسىۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، بەزى مەسىلىلەر خېلى نازۇك، شۇڭا مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن ئويلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نېمىنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىگە يول قويۇش، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە پوزىتسىيە ئېنىق بولۇش كېرەك. ياخشىلىرىنى پائال قوللاش، يامانلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

**6. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش.** ئىككى نۇقتىچە-لىقنى تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىپ، تەشۋىقات ئۆلچىمىنى ياخشى ئىگىلەپ، تەشۋىقاتنىڭ جايىدا بولۇشى، دەرىجىسى، ئۆلچىمى ۋە پۇرسىتى قاتارلىقلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. ئۆلچەمنى ياخشى ئىگىلەش دېگەنلىك ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا، ۋاقىت شارائىتىغا، كىشىلەرنىڭ ۋە ئەمەلىي ئىشنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، ھەمدە تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ۋە توپلاش دېگەنلىكتۇر.

**7. چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش.** دائىم ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، يۈزلىنىشنى مۆلچەرلەپ، ئاساسلىق زېھنىنى چوڭ-چوڭ فاكجېن، سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى پىلانلىق، مۆلچەرلىك، مەقسەتلىك ھالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن كۆڭۈلدە جەزمەن ئومۇمىيلىق بولۇشى كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى كۆزدە تۇتقاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىز تۇتماقچى بولغان چوڭ ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز، شۇنداقلا بۇ چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش ئارقىلىق ئومۇمىيلىققا تاقىلىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان خىزمەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

**8. كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.** تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك، بىز ئۆز قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلاشقان قوشۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا، كۆڭۈلدە بەزى ئاداۋەت داغلىرى قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئورتاق تۇغى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئورتاق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان قانداق شەخسىي ئاداۋەت ۋە تۈگەتكىلى بولمايدىغان قانداق تارىخىي ئارازلىقلار بولسۇن؟ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە رەھبەرىي كادىرلار نەمۇنىلىك رول ئويىنىشى كېرەك. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرۇش، چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق ئىشلاردا پرىنسىپنى تەكىتلەش، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. يولداشلار ئارىسىدا پىكىرنىڭ بىردەك بولماسلىقى نورمال ئەھۋال، كۆپرەك سىردىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، كىمنىڭ پىكرى توغرا بولسا، شۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

**9. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇش.** بۇ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ بىر ئاساسىي ماھارىتى بولۇپ قېلىشى كېرەك، بۇ ئارقىلىق بىز ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىپ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشنى ئازايتالايمىز. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتە جەزمەن ئەمەلىيەتكە، ئامما ئارىسىغا ۋە تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: «خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادىي پائالىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولساق، ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيمىز، شۇنداقلا تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز.»

**10. خىزمەتتە چوقۇم ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك.** ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش—تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىزمەت ئىستىلى. بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، سىياسەت بەلگىلىگەندە، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىمىز، ھەقىقىي يوسۇندا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. خىزمەتنى «ياغاچتىن ئوت چىقارغاندەك» چوڭقۇر ئىشلىشىمىز، كۈچنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، توختىماي، چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىز

كېرەك. قولىمىزنىڭ ئۇچىدا، يۈزەلا ئىش كۆرسەك، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز. بەزى خىزمەتلەر خېلى مۈشكۈل بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

**11. ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش.** بۇ، پارتىيىمىزنىڭ لاياقەتلىك كادىرلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقى. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرى ھەم سۆزى بىلەن تەشۋىق قىلىشى، ھەم ھەرىكىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىشى، ھەرىكىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىشنى سۆزىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك. ئۆزىمىز ئۈلگە كۆرسىتىپ، شەخسى پايدا-مەنپەئەت قوغلاشماي، توغرا كەيپىياتنى ساقلاپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگىنىدەك بولساق، تەشۋىق-تەربىيىنى تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلالايمىز.

**12. قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇش.** ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا ھەممىنى بىلىپ تۇغۇلغان بولمايدۇ، بەلكى بىلمىگەننى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، شۇنداقلا يەنە ئاخبارات تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، مۇزىكا تارىخى، گۈزەل سەنئەت تارىخى قاتارلىق جەھەتتىكى بىلىملەردىنمۇ ئاز-تولا خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. قوشۇنىمىز ئىچىدە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىققا، ئىشلىتىشكە ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تۇرمۇشنىڭ چېكى يوق، ئىشنىڭ چېكى يوق، بىلىمنىڭ چېكى يوق، ئۆگىنىشنىڭمۇ چېكى يوق. ئۆگىنىش بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. "كىتابلا كۆرۈپ پىكىر يۈرگۈزمىسەك، ئالدىنىپ قالىمىز. پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەنلا بولۇپ كىتاب كۆرمىسەك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىمىز." تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولساق، ئاندىن ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

ئۆتكەن بىر يىلدا خىزمەتلىرىمىزدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يېڭى بىر يىلدا، يېڭى ۋەزىيەت يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يېڭى ۋەزىپە يېڭى سىناقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلۇغۋار مەجبۇرىيەت، سەلتەنەتلىك ئىشلار بىزگە ئىلھام بەرمەكتە، پارتىيىنىڭ ئۈمىدى ۋە خەلقنىڭ تاپشۇرۇقى بىزنى

رىغبەتلەندۈرمەكتە. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقتا، مۇقىملىقتا، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇشتا، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشتا ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى تۆھپە قوشايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت ئىمىن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرايلى

گو فۇچاڭ، ۋېي پېڭفېي

مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمدى ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىدىكى بەزى ئاساسىي مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىمىزنى دەپ ئۆتىمىز.

## 1. مىللىي مائارىپ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىرقاتار ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، تەڭداشسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

— **مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىنمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى.**كونا جۇڭگودا مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساس مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، ئۆز شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش ئارقىلىق، ياتاقلىق ۋە يېرىم ياتاقلىق زور بىر

تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېچىپ بەردى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنغان بىر تولۇقسىز ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ بەردى؛ بەزى نوقتىلىق داشۆلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپلىرىنى ۋە مىللىي سىنىپنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك قوبۇل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتتى. نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 198 مىليون ئوقۇغۇچىنىڭ 14 مىليون 15 مىڭى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدۇر، بۇلارنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكىگە سېلىشتۇرساق، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 3.38 ھەسسە ئاشقان، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولسا 13.15 ھەسسە ئاشقان.

— **ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز يېتىلىپ زورايدى.** كونا جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكىتىمىز-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن بىر تولۇقسىز مىللىي سىفەن مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ، زور بىر تولۇقسىز يېڭى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلدى. ھازىر مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 9 مىليون 13 مىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ 726 مىڭ 500 ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر، بۇنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرساق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرىچە 4.3 ھەسسە ئاشقان، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا 10.21 ھەسسە ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زور تولۇقسىز ئوقۇتقۇچى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىپ، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، بەجانىدىل ھەمكارلىشىپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى ۋە كۈچ-قۇۋ-ۋىتىنى تەقدىم قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان زور ئۆتۈقلارنى قازىنىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولدى.

— **ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقىش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە مول نەتىجە يارىتىلدى.** كونا جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن،ھازىرغىچە

ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەش-تەرجىمە قىلىش ئورگىنى قۇرۇلدى؛ يەنە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، موڭغۇل، زاڭزۇ، چاۋشيەن-زۇ يېزىقلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلەر ئارا ئىشلىتىلىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەپ بېكىتىشكە مەسئۇل بولدى. ھازىر موڭغۇل، زاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، جۇاڭزۇ قاتارلىق 23 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 6 مىليونغا يېقىن ئوقۇغۇچى 29 خىل ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدا ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم يىللىقتا بارغاندا خەنزۇچە تىل-يېزىقتا ئوقۇيدۇ؛ يىلدا نەشر قىلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى 1800 خىلغا يېقىن بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 50 مىليوندىن ئارتىدۇ. ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

**— ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدا قانات يايدۇرۇلغان كەسپلەر بويىچە يادەم بېرىش-ھەمكارلىشىش خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.** نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ھەممە ئالىي بەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار. 80- يىللار كىرگەندىن بۇيان، يەنە 70 نەچچە ئالىي مەكتەپ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گۇاڭشى، شىزاڭ، يۈننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن كەسىپ بويىچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇ مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس سۆزلەشكە ئەۋەتىش، ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە كىتاب-ماتېرىياللارنى ياردەم قىلىش، ئوقۇتۇش ۋە مائارىپنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، يىراق-چەت رايونلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىنى تېزلەتتى.

**— شىزاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا بىر قەدەر چوڭ تەرەققىياتلار بولدى.** شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۈچ قېتىم شىزاڭغا ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شىزاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، بۇ مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ بېرىش، 50 نەچچە مائارىپ تۈرلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىش ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىراق، مائارىپ سۈپىتى يۇقىرىراق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاللاپ، ئىچكى ئۆلكىدىكى شىزاڭ

www.uyghurkitap.com

سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ بەردى. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ئون مىڭدىن ئارتۇق زاڭزۇ ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 86 مەكتەپنىڭ 46 كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ؛ 1992-يىلى كۈز كىرىش بىلەنلا تەخمىنەن 1600دىن كۆپ ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈردى، بۇلارنىڭ 560 نەپىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىردى، مىڭدىن كۆپرەكى شىزاڭغا قايتىپ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، يىراق-چەت رايونلارنىڭ مىللىي مائارىپىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشتىكى ئۈلۈغ ئەمەلىيەت ھېسابلىنىدۇ.

— **مىللىي مائارىپ ئىسلاھاتىدا ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.** پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش قارار قىلىنغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، "دەرىجە بويىچە مەكتەپ ئېچىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش" تۈزۈلمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئېچىش، مەكتەپ ئېچىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ياتاقلىق مەكتەپنى ئېچىش شۇنىڭدەك ئېلېكترلەشكەن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى، بىر تۈركۈم ياخشى تىپلار بارلىققا كەلدى.

— **مائارىپ ئىلمى ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتى كۈچەيتىلدى.** ھازىر، بارغانسېرى كۆپ ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى، ئونۋېرسىتېت ۋە مەكتەپلەر مىللىي مائارىپ ساھەسىدىكى زور مەسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتى تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئەلا تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، خەلقئارادا ۋە دۆلىتىمىزدە بىر قەدەر تەسىرگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەسەر ۋە ژۇرناللارنى نەشر قىلدى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان بىر نەزەرىيە قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چېنىقتۇردى.

— **ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدىغان، زامانىۋى پەننىي بىلىمگە ئىگە زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرى قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.** دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئاددىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى ئۆسۈپ، 2 مىليون 300 مىڭدىن كۆپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرقايسى سەپلەردىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى، ئۇلار ئاز سانلىق

مىللەتلەر رايونىنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

مىللىي مائارىپنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قات-قات قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كەڭ كادىرلار، ھەر مىللەت ئاممىسى، ھەر ساھەدىكى زاتلار، ۋەتەنپەرۋەر دىن داھىيلىرىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىنى قىزغىن سۆيۈپ، دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا بېرىلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى؛ كەڭ مائارىپچىلار بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت مائارىپچىلىرىنىڭ قەتئىي جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، تىرىشىپ ئەمگەك سىڭدۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە، تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، مىللىي مائارىپنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى توغرا، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى خۇشاللىنارلىق، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىغا پارلاق سەھىپە يېزىپ قالدۇرۇلدى. پاكىتلار يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگودا پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن بىر نەچچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئۆتۈپ سوتسىيالىزمغا كىرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش باپباراۋەرلىك ئاساسىدىكى تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئېلىمىزدە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنغانلىقنىڭ كونكرېت نامايەندىسىدۇر. بىز تەستە قولغا كەلگەن بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز ھەمدە مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى قەتئىي تۈردە ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

لېكىن، سەگەكلىك بىلەن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دەۋر ئالغا كېتىۋاتقان، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، مىللىي مائارىپنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بىرىنچى، ئومۇمىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 55 ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرىسىدا مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ناھايىتى تەكشىسىز، خېلى بىر قىسىم رايونلاردا مائارىپنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى جايلارنىڭ قىيىنچىلىقى تېخى بىر قەدەر چوڭ. ئىككىنچى، مائارىپ قارىشىنى جىددىي ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرمۇنچە جايلاردا مىللىي مائارىپ نوقۇل ھالدا يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچۈشتىكى ئىمتىھان بېرىش مائارىپىغا ئايلىنىپ قالغان، مائارىپ قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇپ قالغان، مائارىپنىڭ مەزمۇنىدا يەرلىك تۈس كەم بولغان، نەتىجىدە، شۇ جاينىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ دەرھال بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش تەلىپىدىن ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە چەتلەپ كېتىلگەن. ئۈچىنچى، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ۋە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتىمىزدا، قانداق قىلىپ كەڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئەقىدە تىكلەش يەنىلا جىددىي ھەم ئېغىر ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا.

## 2. مىللىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرى

ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا بەزى ئاساسىي تەجرىبىلەر توپلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بۇ تەجرىبىلەرنى يېڭى ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئۈزلۈكسىز ئەينەك قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**بىرىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش مائارىپ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش.**

مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك مەملىكەت، سوتسىيالىزم پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى بېيىپ گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئورتاق يول؛ مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت، ۋەتەننىڭ بىرلىكى مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش داۋامىدا تېخىمۇ تېز راۋاجلىنالايدۇ. شۇڭا، مىللىي مائارىپتا پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى ماركسىزم-لېنىن-

نىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. بۇ ھەم سوتسىيالىستىك مائارىپ بىلەن كاپىتالىستىك مائارىپنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، ھەم مىللىي مائارىپتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك توپ پرىنسىپ ۋە ئورتاق تەلەپ. لېكىن، مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەر ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىنمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل تۇردە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، مىللىي ساۋاد ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ، ئۇنى يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى ۋە دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەرخىل مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك دەرس ئۆتۈش، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ياش-ئۆسمۈر ئەۋلادلارنى كىچىكىدىن باشلاپ مىللەتلەر ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار غايە تىكلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر مىللەت باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تارىخىنىمۇ ياراتقان. كونا جەمئىيەتتە، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ئورتاق مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە، ئورتاق مەنپەئەت ۋە تەقدىرگە ئىگە ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇلمىغان بولسا، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى بولمىغان بولاتتى. شۇڭا مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بۇ ئاساسىي پاكىت ۋە ئاساسىي داۋلىنى ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە ئوخشاش بولمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى كۈرەش تارىخى، مىللەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى ۋە ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەي-

ىندىكى مىللەتلەر تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرۇش تارىخى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم.

**ئىككىنچى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ پايدىلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش.**

مەركىزىي مەسىلە مىللىي تىل-يېزىق سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بار، بەزىلىرىنىڭ يېزىقىمۇ بار. مىللىي تىل-يېزىقنىڭ باپباراۋەرلىكى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىپ كەلدى ۋە ھەممە مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكى بولۇش توغرىسىدا سىياسەت تۈزۈپ چىقتى؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى يەنە خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئۆگىنىشى ۋە ئىشلىتىشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ كادىرلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش تەلىپى قويۇلدى.

نۆۋەتتە، پەن-تېخنىكا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشتىن سىرت، باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ بەزى ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ھازىرقى دۇنيادىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى. ”قوش تىل“ ياكى ”كۆپ تىل“نى ئۆگىنىپ ئىشلىتىش ھەم مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ شەرتى، ھەم مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئوبدان ئۆگىنىۋالسا، ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىللەت قېرىنداشلار بىلەن ئەركىن-ئازادە ئالاقە قىلىپلا قالماي، بەلكى خەنزۇچە تىل-يېزىقتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىچى ياكى ”قورال“ ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۆز مىللىتىگە پايدىلىق

بولغان مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئىشلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى ئىشلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. شۇڭا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ئىشلىتىش، راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىش ھەرگىز زىددىيەتلىك ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ بىلەن تىلنى بېيىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى ۋە راۋاج تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراشقىمۇ قارشى تۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش-نى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولغان خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئۆگىنىشكە سەل قارايدىغان خاھىشلاردىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىدىغان تىلنى مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا، مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى شۇنىڭدەك شۇ جاينىڭ تىل شارائىتى، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بەلگىلەش لازىم. ئوقۇتۇشتا مىللىي تىل-يېزىق قوللىنىلىدىغان رايونلاردا ئىككى تىللىق ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەنزۇچە ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. شارائىتى يار بەرگەنلەر يەنە بىر چەت تىل ئۆگىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم. خەنزۇ ياشلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى، تارىخىنى، تىبابەتچىلىكىنى، پېداگوگىكىسىنى ئۆگىنىشى شۇنىڭدەك دىن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي-مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتىنى نۇرلاندۇرۇش كېرەك.

**ئۈچىنچى، دىن بىلەن مىللىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش.**

دىن بىلەن مىللىي مائارىپ ئوخشاش بولمىغان ئىككى كاتېگورىيىگە كىرىدۇ، لېكىن مائارىپ تەرەققىيا-تىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئەسلىدە "مەدرىس مائارىپى"لا بولۇپ، ھازىرقىدەك مەكتەپلەر يوق ئىدى، دىن بىلەن مىللىي مائارىپ ھەمىشە گىرەلىشىپ كەلگەن؛ بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىيۈزلۈك دىنغا ئېتىقاد قىلغان؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرت دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان؛ دىنىي ساھەدىكى بەزى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار شۇ جايدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە غەمخورلۇق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن؛

بەزى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ كۆپ ھاللاردا مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى مەلۇماتى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار قانۇن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، مۇۋاپىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغداش لازىم. بىزنىڭ مائارىپىمىز سوتسىيالىستىك مائارىپ، «ئاساسىي قانۇن»غا ئاساسەن، مائارىپ بىلەن دىنىنى ئايرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش لازىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مەكتەپ مائارىپىغا ۋە ئىجتىمائىي جامائەت مائارىپىغا ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ، مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ چەت ئەللەردىكى دىن تەشكىلاتلىرىنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ ئېلىمىزدە ياش-ئۆسمۈرلەرنى يىغىپ روھانىلاردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئامما ئومۇمىيۈزلۈك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا، ھەم ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئەت ھادىسىلىرى، جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ۋە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىغا، قېرىشىغا، كېسەل بولۇشىغا، ئۆلۈشكە ۋە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئاپەت بىلەن بەختكە دائىر پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى توغرىسىدا دائىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك، ھەم دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم، ئۇلارنى مىللەتلەر تىل-يېزىقى خىزمىتىگە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا ياكى ساۋاد چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ. مەكتەپ پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ئورۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپتە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا بولمايدۇ. مەكتەپتىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ماتېرىيالىزم ۋە خۇداسىزلىققا ئېتىقاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

دىن بىلەن مىللىي مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى نەزەردە تۇتۇش، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئاممىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىش، سوتسىيالىزم قورغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي مائارىپقا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ساقلىنىش لازىم.

**تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى بىرلەشتۈرۈش.**

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشىدە گەپ يوق، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى چېگرا رايونغا ياردەمگە بېرىشقا ئۈزلۈكسىز ئۇيۇشتۇرۇش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەكتەپ شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ئالىي مەكتەپلەر-نى تاللاپ، ئۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش-ھەمكارلىشىشىنى داۋاملىق يولغا قويۇش لازىم. شىنجاڭغا دۆلەت يەنىلا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالاھىدە ياردەم قىلىدۇ؛ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى قىيىنچىلىقى كۆپرەك رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىغا دۆلەت يۆلىگەندىن باشقا، شۇ رايونمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ياردەم بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، مەكتەپ شارائىتى ياخشىراق بىر تۈركۈم مەكتەپلەرنى تاللاپ، شۇ رايون، شۇ ئۆلكىنىڭ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەكمۇ قىيىن بولۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مىللىي سىنىپ ئېچىپ بېرىش ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئۇلارغا لاياقەتلىك ئىختى-ساسلىق خادىملارنى كۆپرەك تەربىيلەپ بېرىش كېرەك.

گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ”دۆلەت ’ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى مەخسۇس تارماق ياردەم پۇلى‘ نى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ، بۇ پۇلنى بىۋاستە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مالىيە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەخسۇس ئاجرىتىلغان راسخوتنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.“ ھەرقايسى جايلار ئۆز رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ۋە مالىيە ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەلۇم ساندا مەخسۇس مىللىي مائارىپقا ياردەم بېرىش راسخوتىنى تەسىس قىلىشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىمۇ ”خەلققە تايىنىپ مائارىپ باشقۇرۇش، مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش“ دېيىدىغان ئىدىيىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ”يەرلىك مەسئۇل بولۇش، دەرىجىمۇ دەرىجە مەكتەپ ئېچىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش“ تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. جاپاغا چىداپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىنى مائارىپنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئېچىشقا

ئىرادە تىكلەش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىمۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالغا بېسىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

## 3. مىللىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە تەدبىرى

يېڭى تارىخىي دەۋردە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى يادرولۇق مەسىلە —— پائال شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ھەرقايسى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. مىللىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. مول بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى —— مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن تۇتۇش قىلىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى بىرلەشتۈرۈش.

90-يىللاردا، مىللىي مائارىپ خىزمىتىدە بىرىنچىدىن ئوبدان ئاساس سېلىش ھەمدە سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن يېڭى تەرەققىيات ۋە ئۆسۈشكە ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىش يولىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، مىللىي مائارىپنىڭ كۆلىمى، قۇرۇلمىسى، سۈپىتىنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرگە بولغان ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ھازىر قىيىنچىلىقى چوڭراق بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ مەملىكەت بويىچە مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كىچىكلىتىش ھەمدە بۇ رايونلاردا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش.

«جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاساس مائارىپنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. ئالدى بىلەن مەكتەپ ئېچىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلاپ،

مائارىپنى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرۈش، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، شۇ جاينىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كۆچۈشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش. يەنە پائال شارائىت يارىتىپ، پەيدىنپەي توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش لازىم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 95% تىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ئارىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭىدىن ساۋاتسىزلارنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. شەھەر-بازار ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان زور بىر قىسىم ناھىيىلەردە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاساس مائارىپنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش لازىم.

ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي ۋە تېخنىكا مائارىپنى ھەم چوڭلار مائارىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ سانني تەشكىل قىلغان يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، كەسپىي خىزمەتتىكى خادىملارنى ھەرخىل خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش شەكىللە-رى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتى ۋە كەسپىي-تېخنىكا سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ساۋاتلىق قىلىش بىلەن ئەمەلىي تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش كېرەك. سىناق نۇقتىلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى بىر تۈركۈم ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پەيدىنپەي ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىش، بەزى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كەسپىي ۋە تېخنىكا مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىۋېلىش، ئەمەلىي ماھارەتكىمۇ ئىگە بولۇش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق بېيىش يولىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مىللىي مائارىپنى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ شۇ جايدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە قاتنىشىشتىكى غايەت زور رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

يانغىن پىلانى ئۈستىدىكى ئوي-پىكىرگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ناھىيە دەرىجىلىك ۋە يېزا دەرىجىلىك مائارىپنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە قانات يايدۇرۇپ، ”ئۈچ مائارىپنى

بىر تۇتاش پىلانلاش" ۋە يېزا ئىگىلىك، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ھەرخىل شەكىلدىكى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسىنى زور كۆلەمدە ئۆستۈرۈپ، پەن-تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەتبىقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، يېزا ئىگىلىكىنى، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولىنى ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ "ئىككى مەدەنىيەت" قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان مۇھىم رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈ-رۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئىمتىھان بەرگۈچى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملىتىش، قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى مۇۋاپىق تۈردە كەڭ قويۇش ۋە ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز يولغا قويۇش كېرەك. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم، ھازىردىن باشلاپ ھەر يىلى مەلۇم ساندا مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر ياشلىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىغا ئىگە بولغان، مەلۇم پەن-مەدەنىيەت بىلىمى بار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى ۋە ئەسىر ئاتلايدىغان قۇرۇلۇش تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا باشقا-باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر مەكتەپ-تە، بىر سىنىپتا ياكى بىر مەكتەپتىكى ئايرىم سىنىپتا دەرس ئوقۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاشمايدىغانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاماقنى، ياتاقنى ئايرىشىغا بولىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىپ، دوستلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئورتاق ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، پائال شارائىت يارىتىپ، ئۇلارنى بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا ئوقۇتۇش كېرەك.

مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئۈزلۈكسىز يۆلىشىنى، ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىشىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى، جەمئىيەتتىكى

ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر سىستېمىنى بەرپا قىلىشقا ھەممە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نامرات ئاز سانلىق مىللەت ناھىيىلىرىگە قارىتا مائارىپقا ياردەم بېرىش-نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى مەخسۇس تارماق ياردەم پۇلىنى ئاساسەن مائارىپقا ياردەم بېرىش-نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئىشلىتىش لازىم؛ نامرات ناھىيىلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك، پراكتىكا بازىسى ئۈچۈن مەلۇم كۆلەمدە يەر، تاغ ئورمىنى، سۇلۇق ئاجرىتىپ بېرىپ، " بىر ئوقۇغۇچى بىردىن ئاھالىنى، بىر مەكتەپ بىردىن كەنتنى باشلاش"تىن ئىبارەت يەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ بېيىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ مىللىي سىفەن مەكتەپلىرىنى كۆپەرەك، ئوبدان ئېچىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش-تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مىللىي مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي مائارىپ خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش لازىم. رەھبىرىي يولداشلار ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگەللىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى، ئۆز رايونىدىكى مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم. مىللىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ مائارىپنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. ئۇزاق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ئىشنى بىر ستراتېگىيىلىك تەدبىر دەپ بىلىپ، دائىم بوشاشتۇرماي تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مىللىي مەكتەپلەر پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى

كۈچەيتىش، مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمە-تىنى كۈچەيتىش لازىم.

بىز 21-ئەسىرگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. بىز قەتئىي ئىشەنچكە كېلىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تەڭ كۈچ چىقىرىپ، تىركىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغانلا بولساق، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىمىزدا چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن يېپيېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

**(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى گوفۇچاڭ دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ھەيئىتى، ۋېي پېڭفېي دۆلەت مائارىپ كومىتېتى مىللىي مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تەلئەت ئىبراھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىتابخانىلار دىققىتىگە

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ كەڭ كادىرلارنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيە ۋە بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە **«سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە»** دېگەن كىتابنى نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇردۇق.

بۇ كىتابتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى، كارخانا تۈزۈمى، بازار سىستېمىسى، تاشقى سودا ئالاقىسى، يېزا ئىقتىسادى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ـ تىزگىنلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت، قانۇن سىستېمىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيە، بىلىملەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەمدە ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئەھۋاللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

كىتابقا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى چىڭ تۇتۇپ ئومۇملاشتۇرايلى» دېگەن ماۋزۇدا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. كىتاب ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس ما خۇڭنىڭ باش تەھرىرلىكىدە يېزىلغان.

كىتاب مەزمۇنىنىڭ مول، بايانلىرىنىڭ تەپسىلىي بولۇشى، ھازىرقى ئېھتىياجغا ماسلىشىشچانلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ. كىتابخانلارنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، جىددىي ئىشلەپ نەشر قىلماقچى، مولچەرلىنىشچە 9 ـ ئايدا نەشردىن چىقىدۇ.

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ، كىتابخانلارغا بېرىدىغان مۇشتىرى بولۇشلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

《求是文选》（维吾尔文版）国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11——2498
邮发代号：2—373 定价：0.95元 邮政编码：100013